مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ۋاڭ كۇنيۇۋ: مەڭگۈ بوشاشماي ئۈن ـ تىنسىز خىزمەت قىلىدىغان ئادەم



ۋاڭ كۇنيۇۋ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئىشخانىسىدا.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خېفېي تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** (مۇخبىر جوۋ چاڭ) «ئەينى يىلى ئۇ رېمونت قىلىپ ياساشقا مەسئۇل بولغان قۇم ـ شېغىللىق يولدا ماڭساق، ئۇنى پات ـ پات ئەسلەپ قالىمىز» دېدى كەنت ئاھالىلىرى.

ئۇ ئەنخۇي ئۆلكىسى ۋۇۋېي شەھىرى (ئەسلىدىكى ۋۇۋېي ناھىيەسى) شۇشەن بازىرى شىنئەن كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سابىق پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ۋاڭ كۇنيۇۋ. 1965 ـ يىلى خىزمەتكە قاتناشقاندىن باشلاپ، ۋاڭ كۇنيۇۋ ئىزچىل يېزا ئاساسىي قاتلىمدا خىزمەت قىلغان.

1992 ـ يىلى قىشتا، شۇشەن بازىرى بوشەن تېغىدا بىر تەبىئىي ئۆڭكۈر بايقالغان، بازارلىق ھۆكۈمەت تەتقىق قىلغاندىن كېيىن ئېچىشنى قارار قىلىپ، ۋاڭ كۇنيۇۋنى تېپىپ بوشەن تېغى ئۆڭكۈرى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىگەن. ئۇ توققۇز خىزمەتچى خادىمنى باشلاپ، تاغدا غىزالىنىپ، يېتىپ ـ قوپۇپ، سوغۇق شامالغا بەرداشلىق بېرىپ تونېل كولاپ، لاي ـ لاتقىلارنى تازىلاپ، تاغ تاشلىرىنى پارتلاتقان.

2001 ـ يىلى، بوشەن تېغى ئۆڭكۈرى دۆلەت 3A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى قىلىپ ئېچىلغان. بۇ چاغدا، شۇشەن بازارلىق پارتىيە كومىتېتى يەنە ۋاڭ كۇنيۇۋنى تېپىپ، ئۇنى جيەنچېڭ كەنتىگە بېرىپ كەنتنىڭ ياچېيكا شۇجىسى بولۇشقا ئورۇنلاشتۇرغان.

ئەمدىلا ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشقا، بىر كەنت ئاممىسى ئۇنىڭ يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى كەنت بۆلۈمىدىن سىرتقا تاشلىۋەتكەن. ۋاڭ كۇنيۇۋ ئىگىلەش ئارقىلىق كەنت ئىقتىسادىنىڭ ئارقىدا قېلىشى، ھېساباتىنىڭ ئېنىق بولماسلىقىنىڭ كادىرلار بىلەن ئامما ئارىسىدا ئىشەنمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى بايقىغان.

ئىككى ئاي قاتراش ئارقىلىق، ۋاڭ كۇنيۇۋ جيەنچېڭ كەنتىنىڭ ئون يىللىق «قالايمىقان ھېسابات»ىنىڭ ھەممىسىنى ئېنىقلاپ، شۇ يىلى 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قەرزنى تۆگىتىپ، كەنتتىكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يوللارنى رېمونت قىلىش، كۆلچەك كولاش، ئېرىقلارنى راۋانلاشتۇرۇشقا باشلامچىلىق قىلىپ، 200 مودىن ئارتۇق تاشلىنىپ قالغان بوز يەرنى مۇنبەت ئېتىز قىلىپ تۈزەپ، كەنتنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلىغان.

جيەنچېڭ كەنتىنىڭ خىزمىتى ئىزىغا چۈشكەن چاغدا، شىنئەن كەنتىنىڭ كەنت ئىشلىرى خىزمىتىدە يەنە قىيىنچىلىق كۆرۈلگەن، 55 ياشقا كىرگەن ئۇ يەنە بازار بويىچە ئارقىدىن سانىغاندا 3 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان شىنئەن كەنتىگە كېلىپ شۇجى بولغان.

2007 ـ يىلى، كەنتنىڭ 2.1 كىلومېتىر كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش خەتەرلىك بۆلىكىنى مۇستەھكەملىگەن، ئېگىزلەتكەن؛ 2008 ـ يىلى، 300 مېتىر ئېچكى دەرىيادىكى لاي ـ لاتقىلارنى ئادالاپ، پاتقاق گازىنى ئومۇملاشتۇرغان؛ 2009 ـ يىلى، ھەرقايسى كەنت ئاھالە گۇرۇپپىلىرىنىڭ ھەممىسى قۇم ـ شېغىل يوللارنى رېمونت قىلىپ راۋانلاشتۇرغان... 2011 ـ يىلى، شىنئەن كەنتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى بەش يىل بۇرۇنقى 3700 يۈەندىن كۆپىيىپ 7500 يۈەنگە يېتىپ، تەدرىجىي بېيىش يولىغا ماڭغان.

ۋاڭ كۇنيۇۋ «مەڭگۈ بوشاشماي ئۈن ـ تىنسىز خىزمەت قىلىدىغان ئادەم» دەپ ئاتىلىپ، 2011 ـ يىلى «مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

2009 ـ يىلى، ۋاڭ كۇنيۇۋغا جىگەر راكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى دەپ دىياگنوز قويۇلغان. ئوپېراتسىيەدىن كېيىن كېسەللىك ئەھۋالى ئەمدىلا تۇراقلاشقاندا، ئۇ ئىش ئورنىغا قايتىپ كەلگەن. 2011 ـ يىلى، يېشى ۋە سالامەتلىكى سەۋەبىدىن، ئۇ كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىق ئورنىدىن ئايرىلغان.

ۋاڭ كۇنيۇۋ قەدەمنى توختاتمىغان، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تارقاق باقمىچىلىق ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش، پۇقرالارنى بېيىشقا يېتەكلەش ئۈچۈن، يەنە باشلامچىلىق بىلەن ۋۇۋېي ناھىيەلىك كۇنيۇۋ ئالاھىدە سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىق جەمئىيىتىنى قۇرغان.

2012 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ۋاڭ كۇنيۇۋنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، قىزىلئۆڭگەچكە تىرەك قويۇش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرغان. 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، 64 ياشقا كىرگەن ئۇ بەختكە قارشى كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

«ئەينى يىلى ئۇ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، كەنت ئاھالىلىرىنى باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە ئېلىپ چىققان، تاماق يېيەلمەي قالسا ئىستاكان ئېلىۋېلىپ سۈتلۈك گۈرۈچ ئۇممىچى ئىچكەن.» ئەنخۇي ۋۇۋېي كۇنيۇۋ ئالاھىدە سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىق جەمئىيىتىنىڭ ھازىرقى جەمئىيەت باشلىقى ۋۇ جۈننىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە، ۋاڭ كۇنيۇۋ ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭغا «سۇ مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت بۇ بۆلەكنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك» دەپ تاپىلىغانىدى.

ۋاڭ كۇنيۇۋنىڭ ئوغلى ۋاڭ پىلك ھازىر ۋۇۋېي شەھىرى ۋۇچېڭ بازىرى خۇاڭتەي كەنتىنىڭ شۇجىسى، ئۇ مۇنداق دېدى: «دادام ياشىغان ئۇ يىللاردا شارائىت بىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىمىزدىن كۆپ ناچار ئىدى، ھەرقانداق خىزمەتنى ئۆزى بىر ـ بىرلەپ بېرىپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى، قىيىنچىلىقنى ئۈدۈلدىن ھەل قىلالمىسىلا ياندىن ھەل قىلاتتى. ھازىر مەن ئۇنى تېخىمۇ چۈشەندىم».

# جاڭ نىڭخەي: «ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار، مەن كۆپچىلىككە يورۇتۇپ بېرەي...»



بۇ، جاڭ نىڭخەينىڭ ساقچى ئىشلىرى بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش مانېۋىرىغا قاتناشقاندىكى خاتىرە سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان
(جاڭ جيەنجى فوتوسى)

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى چېن نو

«ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار، مەن كۆپچىلىككە يورۇتۇپ بېرەي...» بۇ، جاڭ نىڭخەي ھايات ۋاقتىدا قالدۇرغان ئەڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆز. 2010 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سەھەردە، ئەنخۇي ئۆلكىسى خۇاڭشەن مەنزىرە رايونى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋېنچۈەن ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى جاڭ نىڭخەي ئېكسپېدىتسىيە قىلىپ يولدىن ئېزىپ قالغان شاڭخەيلىك 18 ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى قۇتقۇزغاندا بەختكە قارشى ياردىن چۈشۈپ كېتىپ قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئاران 24 ياشتا ئىدى.

جاڭ نىڭخەي 1986 ـ يىلى تۇغۇلغان، ئەنخۇينىڭ تەيخې ناھىيەسىدىن، 2008 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئەنخۇي جامائەت خەۋپسىزلىكى كەسپىي شۆيۈەنىنى پۈتكۈزگەن، 2008 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، ھايات چېغىدا خۇاڭشەن مەنزىرە رايونى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋېنچۈەن ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى ئىدى.

2010 ـ يىلى 12 ـ ئايدىكى بىر پېرىم كېچىدە، خۇاڭشەن مەنزىرە رايونىنىڭ ئېچىلمىغان رايونىغا كىرىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلغان 18 ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى خەتەرگە يولۇقۇپ قاپسىلىپ قالغان. قۇتقۇزۇش تەلىپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، خۇاڭشەن باشقۇرۇش كومىتېتى جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوراللىق ساقچى قىسىم، ئوت ئۆچۈرۈش ۋە مەنزىرە رايوندىكى كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچى بولۇپ، 230دىن كۆپرەك كىشىنى جىددىي ئاجرىتىپ، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قوشۇنى تەشكىللەپ، ھاياتلىقنى زور قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشنى قانات يايدۇرغان. نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان جاڭ نىڭخەي بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن تېز سۈرئەتتە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش نەق مەيدانىغا يېتىپ بېرىپ، بىرىنچى تۈركۈمدە ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بىرىنچى ۋاقىتتا قۇتقۇزۇش رايونىغا بارغان قۇتقۇزۇش خادىمغا ئايلانغان.

500 چاقىرىملىق خۇاڭشەننىڭ تېغى ئېگىز، ئورمىنى قويۇق بولۇپ، جىلغا ـ جىلغىلار گىرەلىشىپ كەتكەن، شۇ چاغدا يەنە بوران ـ چاپقۇن، يامغۇر تەڭ يۈزبەرگەن پەيتكە توغرا كېلىپ، قويۇق تۇمان قاپلىغان بولۇپ، جاڭ نىڭخەي ۋە سەپداشلىرى تاغدا تۇسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئىلگىرىلىگەن. ئالتە سائەتتىن كېيىن، ئۇلار بىر جىلغىنىڭ جىلغا ئاستىدىن ئېكسپېدىتسىيە قىلغان 18 ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممىسىنى تاپقان. يېرىم كېچە سوغۇق، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئاران نۆل سېلسىيە گرادۇس بولۇپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پۈتۈن بەدىنى يامغۇردا چىلىق ـ چىلىق بولۇپ، توڭلاپ قوساقلىرى ئېچىپ كەتكەن، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئەترىتى كۆپچىلىكنى خەتەرلىك رايوندىن دەرھال ئېلىپ چىقىشنى قارار قىلغان.

«ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار، مەن كۆپچىلىككە يورۇتۇپ بېرەي...» جاڭ نىڭخەي بىر تەرەپتىن قول چىرىغىنى كۆتۈرۈۋېلىپ كۆپچىلىككە يورۇتۇپ بەرگەن، بىر تەرەپتىن كۆپچىلىككە بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىشنى ئەسكەرتكەن. 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سەھەر سائەت 3تىن 26 مىنۇت ئۆتكەندە، بىر جايدا بىر ئادەم ئاران قىستىلىپ ئۆتەلەيدىغان نەم، تېيىلغاق ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن، ئۇ بەختكە قارشى 30 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى ياردىن چۈشۈپ كەتكەن...

«بۇ ساقچى كىيىمنى كىيگەندە، بىر ئۆمۈر زېھنى كۈچىنى خەلق ساقچىسى ئىشلىرىغا بېغىشلاش كېرەك!» ساقچى بولغان بىرىنچى يىلى، جاڭ نىڭخەي كۈندىلىك خاتىرىسىگە بۇ سۆزنى يازغان، يەنە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەن.

ھەر قېتىم ساياھەتنىڭ يۇقىرى پەللە مەزگىلىدە، مەنزىرە رايونىدا ئادەم ئېقىمى، ئاپتوموبىل ئېقىمى زىچ بولغاچقا، جاڭ نىڭخەي ھەمىشە ۋەزىپە ئەڭ مۇشكۈل، ساياھەتچىلەر ئەڭ مەركەزلەشكەن جايدا نۆۋەتچىلىك قىلغان. بىر قېتىم، بىر ساياھەتچىنىڭ يان تېلېفونى ئوغرىلانغاندا، جاڭ نىڭخەي سىن ئارقىلىق جىنايەت گۇماندارىنى تەھقىقلىگەن. گۇماندارنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئۇ تاغدىن چۈشۈش يولىدا ئۇدا 22 سائەت ساقلىغان.

2009 ـ يىلى، جاڭ نىڭخەينىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىرىنچى قېتىم خۇاڭشەنگە ئوغلىنى يوقلاپ كېلىپ، تاغقا چىقىپ كۆرۈپ بېقىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. جاڭ نىڭخەي ئاتا ـ ئانىسىنى ئاسما ۋاگونغا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن، دادىسىغا: «ساقچىخانىنىڭ خىزمىتى بەك ئالدىراش، سىلەرگە ھەمراھ بولۇپ تاغقا چىقىپ ساياھەت قىلالمايدىغان بولدۇم» دېگەن سۆزنى قىلىپ، بۇرۇلۇپلا خىزمەتكە كىرىشىپ كەتكەن. خۇاڭشەندە چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر كۆپ بولغاچقا، جاڭ نىڭخەي ئىنگلىز تىلىنى ئۆزلۈكىدىن قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن. قۇربان بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۇ خۇاڭشەن مەنزىرە رايونى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ چەت ئەل تىلى تەرجىمە ئىختىساسلىقلىرى ئامبىرىغا كىرگۈزۈلگەن.

«ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش نىشانى بولىدۇ، ئەمەلىي ھەرىكەتكە تايىنىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش كېرەك» جاڭ نىڭخەي ئىلگىرى خىزمەتداشلىرى بىلەن سىرداشقاندا مۇشۇنداق دېگەن. خىزمەتدىشى لۇ خۇابىن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: جاڭ نىڭخەي ھاياتى ئارقىلىق «خەلق ئۈچۈن ساقچى بولۇش» قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

2010 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئەنخۇي ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يولداش جاڭ نىڭخەينى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىغان. 2011 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 2 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ تولۇقلاپ نام بېرىلگەن.

جاڭ نىڭخەينىڭ قەبرىسى ئالدىدا، ھايات ۋاقتىدىكى سەپداشلىرى، ئەينى يىلى قۇتقۇزۇۋېلىنغان «دالا كەزگۈچىلەر» ھەر يىلى كېلىپ قەبرە سۈپۈرۈپ، قەھرىماننىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئەسلەپ، قەھرىماننىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. شۇ جايدىكى ھەربىر يېڭى خىزمەتكە كىرگەن خەلق ساقچىسى ساقچى قوشۇنىغا كىرىش قەسىمى بېرىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بولغاندىن كېيىن يەنە قەھرىمانغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشكە كېلىدۇ.

«ئۆلگىنىڭ كۈچى كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ، بىزنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ!» دېدى خۇاڭشەن مەنزىرە رايونى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى 2019 ـ يىلى خىزمەتكە كىرگەن خەلق ساقچىسى لى مىڭ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خېفېي تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

# لو ياڭ: سادىق روھ، ساپ قەلبى بىلەن ئاۋىياتسىيە ئىشلىرى ئارقىلىق دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇش مۇھەببىتى



لو ياڭنىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شېنياڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** (مۇخبىرلار لى جېڭ، جاڭ يىفېي) 2013 ـ يىلىدىن بۇيان، ھەر يىلى چېچەك مەزگىلىدە جۇڭگو ئاۋىياتسىيە سانائىتى شېنياڭ ئايروپىلان سانائىتى(گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئۆزلۈكىدىن سابىق لىدىر، باش دىرېكتور لو ياڭنىڭ ھەيكىلى ئالدىغا كېلىپ تەزىيە بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر سالاھىيىتى بولسا دۆلىتىمىزنىڭ «قىرغۇچى ـ 15» تىپلىق ئاۋىياماتكا ئايروپىلانىنى تەتقىق قىلىپ ياساش نەق مەيدانىنىڭ باش قوماندانى.

ھەيكەل ئالدىدا تۇرغاندا ھەمىشە كەمتەرلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرىدىغان، مەڭگۈ پاكىز ـ رەتلىك كۆك رەڭلىك خىزمەت كىيىمى كىيىپ يۈرىدىغان، سۇس رەڭلىك كۆزەينىكىنىڭ ئارقىسىدىكى كۆزلىرىدىن مۇلايىملىق ۋە قەتئىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئاشۇ باش قوماندان خۇددى تېخى يىراققا كەتمىگەندەك بىلىنەتتى، ئۇ ئۆز قولى بىلەن ياسىغان «قىرغۇچى ـ 15» تىپلىق كۆرەشچى ئايروپىلان قاچىلانغان ئاۋىياماتكا ـــ «لياۋنىڭ» ناملىق ئاۋىياماتكا خۇددى تۈنۈگۈنلا ئۇنى گۈدۈك چېلىپ ئۇزدۇتۇپ قويغاندەك تۇراتتى...

2012 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، دالىيەن پورتى پىرىستانىدا داقا ـ دۇمباق چېلىنىپ، رەڭلىك بايراقلار لەپىلدەپ تۇراتتى. جۇڭگونىڭ تۇنجى قېتىملىق ئاۋىياماتكا ئايروپىلانىنىڭ ئاۋىياماتكىغا قونۇش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك تاماملىغان «لياۋنىڭ» ناملىق ئاۋىياماتكا ئاستا ـ ئاستا پورتقا كىردى. شېنياڭ لىمىڭ ئاۋىياتسىيە موتور(گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتىنىڭ لىدىرى مىڭ جۈن «لياۋنىڭ» ناملىق ئاۋىياماتكىدا تۇرۇپ پورتقا نەزەر سېلىپ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «لاۋلو تېز كېلىپ كۆرۈڭ، شېنياڭ ئايروپىلان سانائىتى(گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتىدىكى بۇرادەرلەر سىزگە قول پۇلاڭلىتىۋاتىدۇ!» لو ياڭ پالوبا رېشاتكىسىغا تايىنىپ، قولى بىلەن مەيدىسىنى تۇتقىنىچە پەس ئاۋازدا: «بولدىلا، مەن سەل بىئارام بولۇۋاتىمەن» دېدى.

مىڭ جۈن ئۇنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال ئۇنىڭدىن: «بولمىسا ئاۋۋال دوختۇرغا كۆرۈنۈپ باقامسىزيا؟» دەپ سورىدى. لو ياڭ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ: «ھېچقىسى يوق، پاراخوتتىن چۈشكەندە بىر گەپ بولا» دېدى. سائەت 9دىن 4 مىنۇت ئۆتكەندە، لو ياڭ «لياۋنىڭ» ناملىق ئاۋىياماتكىدىن ئالدىرىماي چۈشتى. لو ياڭ غەيرەت قىلىپ بىر رەت بولۇپ ساقلاۋاتقانلار بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بارلىق كىشىلەر بۇنىڭ لو ياڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق قول ئېلىشىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، لو ياڭ ئولتۇرغان ئاپتوموبىل ئۇچقاندەك دالىيەن دوستلۇق دوختۇرخانىسىغا قاراپ ماڭدى. جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە 100 مېتىرمۇ قالمىغان جايدا، لو ياڭنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالدى.

«لو ياڭ، سىز بەك چارچاپ كەتتىڭىز.» خوتۇنى ۋاڭ شىلىنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسى نەق مەيداندىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى قايغۇغا سالدى. ۋاڭ شىلى ئېرى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يۈز كۆرۈشەلمىدى، ھەتتا ئىككىيلەننىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق سۆزلىشىشىمۇ تېلېفوندا خىزمەت توغرىلىق بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ۋاڭ شىلى ئىشكتىن چىقماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئۆيدىكى تېلېفون سايرىدى. «ئۆيدە ئىكەنسىزدە، بەك ياخشى بولدى!» تۇرۇپكىدىن كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان ئېرى لو ياڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ۋاڭ شىلى ھاڭۋېقىپ قالدى. لو ياڭدىن خەۋەر كەلمىگىنىگە بىر ھەپتە بولغانىدى، ئۇنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئېرىنىڭ تېنىنىڭ بەرداشلىق بېرىش ـ بېرەلمەسلىكى ئىدى. ھالبۇكى، ئېرىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالسىمۇ، ئېرىدىن: «ۋەزىپىنى قانداقراق تاماملىدىڭلار؟» دېگەن گەپنى ئاران چىقىرالىغانىدى.

«ناھايىتى ياخشى، بەك ياخشى!» دېدى لو ياڭ باللاردەك خۇشال ھالدا. ۋاڭ شىلىمۇ لو ياڭنىڭ كەيپىياتىنىڭ تەسىرىدە، ھاياجانلىنىپ خېلىغىچە گەپ قىلالماي قالدى. ئاۋىياماتكىدا خالىغانچە سىرت بىلەن تېلېفونلاشسا بولمايدۇ، پەقەت ئالاھىدە تېلېفون كارتىسى بىلەن مۇقىم تېلېفونغا تېلېفون قىلسا بولىدۇ، بۇمۇ لو ياڭنىڭ ئاۋىياماتكىغا چىقىپ خوتۇنى بىلەن ھەپتىدە بىر قېتىم ئالاقىلىشەلەيدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى.

«ئۆيگە ئىچى قانداقراق؟» دەپ سورىدى ئۇ پەس ئاۋازدا. لو ياڭ ئۆيدىن ئايرىلغان مۇشۇ كۈنلەردە، ۋاڭ شىلى بىر تەرەپتىن خىزمەت بىلەن ئالدىراش بولسا، بىر تەرەپتىن كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغانىدى، ئائىلىنىڭ بارلىق ئېغىر يۈكى ئۆزىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەنىدى. بۇ گەپ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا ئۆزگەردى: «سىز بۇنچە ئالدىراش، بۇنچە ھېرىپ ـ چارچاپ ئىشلەپ زادى نېمىگە ئېرىشمەكچى؟»

تېلېفوندا لو ياڭ بىر پەس جىمىپ قېلىپ، سىلىق ـ سىپايىلىق بىلەن: «خىزمەت ئەمەسمۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ خوتۇنىغا چوڭ قائىدىلەرنى سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى، خوتۇنىنىڭ ھەممىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى، پەقەت ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.

«قىزىمىزغا تېلېفون قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ!» بىلىنەر ـ بىلىنمەس دولقۇن ئاۋازىدا، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق تېلېفوندا سۆزلىشىش ئالدىراشلا ئاخىرلاشتى.

لو ياڭ كەتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئارزۇسى يەنىلا بار ئىدى، ئۇنىڭ بارلىقىنى جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاۋىياتسىيە ئىشلىرىغا بېغىشلاش روھى ھېلىھەم كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. 2020 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۈشتۈمتۇت يۈزبەرگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى جۇڭگو ئاۋىياتسىيە سانائىتى شېنياڭ ئايروپىلان سانائىتى(گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. دۆلەت چۈشۈرگەن ۋەزىپىنى ۋاقتىدا تاماملاش ئۈچۈن، شېنياڭ ئايروپىلان سانائىتى (گۇرۇھ) چەكلىك شىركىتى بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، بىرىنچى ۋاقىتتا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى ـــ ماشىنىلارنىڭ ئاۋازى ئەسلىگە كەلدى، ھەربىر سېختا چىراغلار ياندى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشنى كۈچلۈك ئىستىل كاپالىتىگە ئىگە قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»تا، دىققەت ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كېڭەيتىشكە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، شەكىلۋازلىقتىكى كونا مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭ يېڭى ئىپادىلىرى بىۋاسىتە كۆرسىتىلىپ، شەكىلۋازلىقنىڭ ئاسارىتىنى يەنىمۇ تۈگىتىپ، كادىرلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ۋاقتى ۋە زېھنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشقا قارىتىشى ئۈچۈن ھەرىكەت كۆرسەتمىسى بىلەن تەمىنلىدى.

ئاساسىي قاتلام يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى بىر ـ بىرىگە باغلايدىغان تۈگۈن نۇقتا بولۇپ، تۈرلۈك زىددىيەتنىڭ قىزىق نۇقتىسى ۋە خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىدا تۇرماقتا، «يۇقىرىدىكى مىڭ تال يىپ، تۆۋەندىكى بىر تال يىڭنە» ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بىۋاسىتە يۈزلىنىدىغان رېئاللىق، كەچ يېتىپ سەھەر تۇرۇش، بوران ـ چاپقۇنلۇق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈش ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ خىزمەت ھالىتىنىڭ كارتىنىسى. بۇ يىل ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك، بۇنىڭدا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ زىممىسىدىكى يۈك تېخىمۇ ئېغىر. شۇڭا، بىرىنچى سەپتە ئۇدا كۈرەش قىلىۋاتقان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا نىسبەتەن، بولۇپمۇ كۆپرەك چۈشىنىش، كەڭ قورساق بولۇش، كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈشكە توغرا كېلىدۇ، ھەرقايسى جەھەتلەردىن سىجىل ھالدا ئۇلارنىڭ بېسىمىنى تۆۋەنلىتىپ، يۈكىنى يېنىكلىتىپ، ئۇلارنى شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنىڭ ئاسارىتى، «سىرتمىقى»دىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش كېرەك.

يۈكنى يېنىكلەتكەنلىك مەسئۇلىيەتچانلىقنى يېنىكلەتكەنلىك، مەسئۇلىيەتنى يېنىكلەتكەنلىك ئەمەس، يەڭگىل جابدۇنۇپ جەڭگە ئاتلىنىش ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن تېخىمۇ ياخشى زىممىگە ئېلىش ئۈچۈندۇر. تەشكىلنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇقى بولغان ئىكەن، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا ئەسلىي مەقسەتنى ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىش روھىنى ئۇرغۇتۇپ، نەتىجە يارىتىشنى خالايدىغان، نەتىجە يارىتالايدىغان، نەتىجە يارىتىشقا ماھىر كادىرلاردىن بولۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىدىغان «قابىل» «باتۇر»لاردىن بولۇپ، دىققەتنى يىغىپ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشەنچىسى ۋە مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماسلىقى كېرەك.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)